دىققەتنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش

# 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لو جېڭگۇاڭ، لىيۇ خۇەيپى) 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خېنەن جېڭجوۋدا داغدۇغىلىق باشلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

قەدىمىي پايتەخت جېڭجوۋدا رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنىدا ھەممە كىشى شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەنىدى. ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزىدىكى تەنھەرىكەت مەيدانىدا 56 مىللەت بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ جۇشقۇن مېلودىيەسىنى ئورتاق ياڭراتتى. سائەت 20دە، باشلىنىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە نەق مەيداندىكى 40 مىڭغا يېقىن تاماشىبىن دۆلەت بايرىقى ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتىنىڭ مەيدانغا كىرىشىنى كۈتتۈۋالدى. ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلەر مىللىيچە چىرايلىق كىيىنگەن، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق بولۇپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەلدى. ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ مېڭىش جەريانىدا 30 سېكۇنت توختاپ كۆرسەتكەن ئويۇنلىرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى گۈلزارلىقىنىڭ رەڭدار، كۆپ خىللىقىنى نامايان قىلىپ، نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۇلارنى مەستخۇش قىلدى.

سائەت 20دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋاڭ ياڭ: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 11 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلاندى! دەپ جاكارلىدى. شۇ پەيتتە رەڭگارەڭ سالىيوتلار كېچە ئاسمىنىدا ئېتىلىپ، جېڭجوۋ ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزىنى شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندۇردى.

ئارقىدىنلا «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، قول تۇتۇشۇپ يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش» باش تېمىسىدىكى ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئويۇن «جۇڭخۇاغا مەدھىيە»، «رەڭدار خېنەن»، «ئارزۇنى باغاشلاش»تىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى نامايان قىلىندى، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەدھىيەلەندى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ پارلاق كەلگۈسى نامايان قىلىندى. ئويۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، ھەر مىللەت قېرىنداشلار تولۇپ تاشقان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» ناملىق ناخشىنى بىرلىكتە ياڭراتتى. مەيداندا يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقىغا سىمۋول قىلىنغان «70» دېگەن سان ھاسىل قىلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئورتاق بەخت تىلەندى.

باشلىنىش مۇراسىمىدىن ئىلگىرى، ۋاڭ ياڭ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ـ مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ۋە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى، تەنھەرىكەتچىلەر ۋەكىللىرى ۋە خىزمەتچى خادىملار ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم سۇپا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تۇتقا، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياستى ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ «ئالىي مۇكاپات لوڭقىسى»نى ئورتاق كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى يوۋ چۈەن باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى باتېر باشلىنىش سۆزى قىلدى. خېنەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوشېڭ قارشى ئېلىش سۆزى قىلدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى گوۋ جۇڭۋېن باشلىنىش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ۋاقتى توققۇز كۈن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە(ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەمدە تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 7009 تەنھەرىكەتچى ئوقيا ئېتىش، بۇقچىلاپ ئارغان تارتىشىش، يەككە بامبۇكتا لەيلەش قاتارلىق 17 مۇسابىقە تۈرى ۋە 194 ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدە مۇسابىقىلىشىدۇ. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدە يەنە مىللەتلەر چوڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

# جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش  قول تۇتۇشۇپ يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

**☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى گۇ لىلىن، لىيۇ خۇەيپى**

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى خېنەن جېڭجوۋدا باشلاندى، 56 مىللەتتىكى ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنىدا خۇشال جەم بولۇپ، تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مەرىكىسىدە ئورتاق ئۇچراشتى. قالتىس نەتىجىلەر نامايان قىلىنغان 66 يىلدا، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى «باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، جان تىكىپ ئېلىشىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش» ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتۈپ، جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئۇلۇغ مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى. جېڭجوۋدىكى ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن باشلىنىش مۇراسىمىدا، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ شاد ـ خۇراملىقى مۇنداق بىر جۈملە سۆزگە مۇجەسسەملەندى: جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى دەۋرگە قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىمىز.

«پەلەك شاھى» ئادىلنىڭ ئون نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۇدا قاتنىشىشىدىن تارتىپ 20دىن ئارتۇق مىللىيچە ئۇسسۇل ئامىلى يۇغۇرۇلغان مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسىنىڭ زور ئالقىشقا ئېرىشىشىگىچە، يەنە شەرقىي شىمالدىكى مانجۇ خەلقى قىزغىن سۆيىدىغان مەرۋايىت توپ تورىنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونلاردا يىلتىز تارتىشىغىچە... تەسىرلىك ھېكايىلەر، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەر مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى.

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە خىسلىتىنى نامايان قىلىدىغان يارقىن سەھنىگە ھەم ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىدىغان، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. ھەر مىللەت قېرىنداشلار مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت بۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئورتاق سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئورتاق مەيداندا بىللە كۆڭۈل ئېچىپ، رەڭدار، مول تەنتەربىيە ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىش داۋامىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن مول مەدەنىيەت مەزمۇنىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جايلىشىش جەھەتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تايىنىپ، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزئارا يېقىنلاشتى. ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، پەرققە ھۆرمەت قىلىپ، كۆپ خىللىقنى سىغدۇرۇپ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغان، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قويۇق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى.

«بىزنىڭ مۇسابىقە مەيدانىمىز ئېگىز تاغلاردا، دېڭىزلاردا، يايلاقلاردا، ئورتاق ئارزۇيىمىز جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ يالقۇنىنى لاۋۇلدىتىش، ئورتاق كۈرەش قىلىش، بىز دادىل قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيمىز...» جۇڭگو ئارزۇسى 56 مىللەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ «ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ئارزۇ» ناملىق بۇ باش تېما ناخشىسىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىغا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئۈمىدى كۈيلەندى.

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى دەۋردە، بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلىش يولى ئۈستىدە ئورتاق سۆھبەتلەشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى، گۈللەپ راۋاجلىنىش تەدبىرىنى ئورتاق پىلانلىدى؛ ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈپ، بىر مەقسەتتە بولۇپ، بىرلىكتە كۈچەپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق كۈرەش قىلىپ، بىر نىيەتتە ئورتاق ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ چەكسىز پارلاق ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئىتتىپاق، ئىناق بىر ئائىلە كىشىلىرى

## ـــ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسى توغرىسىدا

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى

☐ مۇخبىرىمىز جېڭ يىيۈەن

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسى تۇرۇشلۇق جايدىكى بىر يىغىن زالىدا، مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسىدىكى قىز ـ يىگىتلەر تىرېنېرنىڭ قوماندانلىقىدا جاسارەت بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ مەردانە ۋە قىزغىنلىقىنى نامايان قىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكا مۇسابىقىسى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جېڭجوۋ شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرىپىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسىدىكى كوماندا ئەزالىرى كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق مەشىق قىلدى.

مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى خەن ۋېيدۇڭ شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى شۆبە ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسى بۇ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ تەشكىللەنگەن. دەسلەپتە 30 ئادەم بولۇپ، تاللاش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز جەمئىي 18 ئادەم قالغان. «بۇ كوماندىمىز ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، ئۆزبېك قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەشكىللەنگەن، مەيلى مەشىق جەريانىدا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن، كۆپچىلىك سەن ـ مەن دېيىشمەي، ئۆزئارا ياردەملەشتى، خۇددى ئىتتىپاق، ئىناق بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشايدۇ».

بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن، بۇ كوماندىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى ئېرشات غوپۇر ئاغرىپ قالغاندا، ئەترەت ئەزالىرى ۋە باشقا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار نۆۋەتلىشىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا دورا سېتىۋېلىپ، تاماق ئەكېلىپ بەردى.

كوماندا ئەزاسى ئەراپات ئەخمەت جېڭجوۋغا كەلگەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق مەشىقتە بېلىنى قايرىۋالغانىدى، كوماندا ئەزالىرى ئۇنى ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، ياتاقدىشى سۇ سۇڭ باشتىن ـ ئاخىر ئەراپاتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە زاراڭزا مېيى سۈردى، يەنە ئىسسىق ئۆتكۈزدى.

مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى كوماندىسىنىڭ كوماندا باشلىقى شۆ جياجېڭ مۇنداق دېدى: بۇ بىر ئىتتىپاق، دوستانە كوماندا، بىز چوقۇم مۇسابىقىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، ئالغا ئىنتىلىدىغان، جاسارەت بىلەن ئېلىشىدىغان روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىمىز.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىللەش كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# شىخەنزە داشۆسى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈن جىنلۇڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 70 يىلدىن بۇيان، شىخەنزە داشۆسى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلىدى، 180 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپتە تەربىيەلىنىپ ئوقۇش پۈتكۈزدى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىڭتۇەندە، شىنجاڭدا قېلىپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيتى ـ بۇرچىنى ئادا قىلىشنى، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەقلىي مەدەت ۋە ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

سۈن جىنلۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، شىخەنزە داشۆسى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى بېغىشلايدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى كېرەك. مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چۆردەپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيتى ـ بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپىنى كۆزلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى، ئاڭلىق ھالدا چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىدىغان، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان يارامىلىق ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى كېرەك. مەۋقەنى شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەننىڭ بىپايان تۇپرىقىدا ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئىختىساسلىقلارنى توپلايدىغان، جەلپ قىلىدىغان «سۇ ساقلاش كۆلچىكى» ۋە «ئۆتەڭ بېكىتى»نى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن داۋاملىق ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشى كېرەك.

خاۋ پىڭ سۆزىدە مۇنداق دېدى: شىخەنزە داشۆسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بېيجىڭ داشۆسىگە يۈكلىگەن مۇھىم، زور بۇرچ ۋە شەرەپلىك مەسئۇلىيەت، بېيجىڭ داشۆسى سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ شىخەنزە داشۆسىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى قوللايدۇ. شىخەنزە داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق قوللاپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ياش ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدۇ. شىخەنزە داشۆسىنىڭ دىققىتىنى «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلىم ۋە سىياسەت تەتقىقات نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشنى قوللايدۇ.

بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ لى جىدۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

پائالىيەت مەزگىلىدە، سۈن جىنلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە ساۋ لېيەنپۇ، چېن شۆگېڭ، جاڭ رويۇ قاتارلىق شىخەنزە داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى زىيارەت قىلدى، ھال سورىدى، «ئۇچقا كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىدە قوشماقلاشقان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى يوقلىدى.

# سىجىل كۈچەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لوپنۇر ناھىيەسى گۈلباغ يېزىسىنىڭ گۈلباغ كەنتى، ئاقچىكە كەنتى، تارىم يېزىسىنىڭ بوستان كەنتى، باغراش ناھىيەسى چىكىنئۇر يېزىسىنىڭ لاخەنئۇر كەنتىدىكى 1000 مولۇق شاپتۇللۇق، ئۇلان جېكسېن يېزىسىنىڭ ئۇلان جېكسېن كەنتىدىكى باغراش كۆلى گۈل دېڭىزى، خوشۇت ناھىيەسى سۇخاتۇ يېزىسىنىڭ سۇخاتۇ كەنتى، تاغارچى بازىرىنىڭ خويۇرمودون كەنتى، خېجىڭ ناھىيەسى خېجىڭ بازىرىنىڭ يېڭى ئۈمىد مەھەللىسى، بارۇن خارمۇدۇن بازىرىنىڭ كېزە كەنتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نامرات ئاما، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى، يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇلارنى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى قەدىرلەپ، بىلىم ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىككى قولغا تايىنىپ، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ھازىرقى باسقۇچتا ئالغا سىلجىتىشتا، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق زورايتىپ، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغىچە ھەرگىز توختاپ قالماسلىق كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسەتنى دەل جايىدا يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، «توققۇزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، يەر ئوبوروتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامرات ئاھالىنىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت سەھنە ھازىرلاش، كارخانا ياكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى تۆۋەن باھاغا كاپالەتلىك قىلىپ سېتىۋېلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ يەتكۈزۈش، نىشانلىق بىۋاستە تەمىنلەش چارىسىنى كېڭەيتىپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى ھەقىقىي تۈردە پۇقرالارنىڭ «ھەمىنى»غا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى مۇقىم ئالغا سىلجىتىش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، قولايلىق بولۇش، ماس كېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن يەنە لوپنۇر ناھىيەسىدىكى خېڭشۈي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ لوپنۇر شۆبە مەكتىپى، خوشۇت ناھىيەسىدىكى شىنجاڭ تېببىي داشۆسى ئالىي كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، خوشۇت ناھىيەلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، خېجىڭ ناھىيەلىك 7 ـ يەسلىگە كېلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايلىقى كۈچى، ئۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، مەكتەپنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكى، يېمەكلىك تازىلىقى بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئوقۇتقۇچى مەكتەپ قۇرۇشنىڭ ئاساسى، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن مېھرىبانلىقنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىنىش، مۇھەببەتلىشىش، ئولتۇراق ئۆيى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈلنى ئۇتۇپ، ئادەمنى قالدۇرۇش مۇھىتىنى ھەقىقىي يارىتىش كېرەك. بىخەتەرلىك ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەكتەپ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر، مۇقىم، ئىناق مەكتەپ مۇھىتى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.